# تۈركىيەدە چەتئەللىكلەرگە قارىتا
# يۈرگۈزۈلىۋاتقان چەكلەش كودلىرى
# ۋە ئۇلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش چارىلىرى

2021 نويابىر / ئىستانبۇل



ETHR
DOĞU TÜRKİSTAN İNSAN HAKLARI İZLEME DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى
EAST TURKISTAN HUMAN RIGHTS WATCH ASSOCIATION
مرصد تركستان الشرقية لحقوق الإنسان

www.uyghurkitap.com

بۇ دوكلاتنىڭ بارلىق نەشر ھوقۇقى **ETHR** گە مەنسۇپ بولۇپ، رۇخسەتسىز ھېچقانداق بىر سۇپىدا تارقىتىلىشى، كۆپەيتىلىشى ۋە چوڭايتىپ ياكى كىچىكلىتىلىپ بېسىلىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. مەنبە كۆرسىتىپ رەفەرانس ئالسا بولىدۇ.

**تۈركىيەدە چەتئەللىكلەرگە قارىتا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان چەكلەش كودلىرى**
**ۋە ئۇلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش چارىلىرى**
**2021 نويابىر**

ETHR
DOĞU TÜRKİSTAN İNSAN HAKLARI İZLEME DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى
EAST TURKISTAN HUMAN RIGHTS WATCH ASSOCIATION
مرصد تركستان الشرقية لحقوق الإنسان

بانكا ھېساپ ئۇچۇرلىرىمىز

ھېساپ ئىسمى: Doğu Türkistan İnsan Hakları İzleme Derneği

TL: TR 2600 0100 0965 9520 5015 5001

USD: TR 9600 0100 0965 9520 5015 5002

EURO: TR 6900 0100 0965 9520 5015 5003

0212 524 69 99
info@ethrw.org
www.ethrw.org
Doğu Türkistan İnsan Hakları İzleme Derneği
@ethrworg
@ethrworg

Karagümrük Mah. Sarmaşık Sok. No:30 D:1 Fatih, İstanbul, Türkiye

# تۈركىيەدە چەتئەللىكلەرگە قارىتا يۈرگۈزۈلىۋاتقان چەكلەش كودلىرى ۋە ئۇلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش چارىلىرى

تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ۋە تېخى تۈرك ۋەتەنداشلىقىغا ئۆتۈپ بولالمىغان بىر قىسىم كىشىلەرگە كۆچمەنلەر ئىدارىسى ياكى بىخەتەرلىك تارماقلىرى تەرىپىدىن چەكلەش كودلىرى قويۇلماقتا. بۇخىل چەكلەش كودلىرىغا دۇچار بولغان كىشىلەر ھەرخىل قىيىنچىلىققا يولۇقۇپلا قالماستىن بەزى كودلارغا ساھىب كىشىلەر بىخەتەرلىك كۈچلىرى تەرىپىدىن نازارەت ئاستىغا ياكى قولغا ئېلىنماقتا. بۇ خىل ئەھۋالغا يولۇققان ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ بۇخىل كودلار ھەققىدىكى مەلۇماتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قانۇني جەھەتتىن سۈزۈك ۋە ئوچۇق بىر شەكىلدە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشنى سەمىگە سېلىش مەقسىتىدە شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىمىز تەرىپىدىن تۈركىيەدە تۈرك ۋەتەندىشى بولمىغانلارغا قارىتا يۈرگۈزىلىۋاتقان چەكلەش كودلىرى ۋە چەكلەش كودلىرىغا يولۇققان كىشىلەرنىڭ نېمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى رەتلەپ تۈزۈپ چىقتۇق. ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز.

تۈركىيە تەۋەلىكىدە ياشاۋاتقان چەتئەللىكلەرگە قارىتا چەكلەش كودلىرىنى بېكىتىشتىكى سەۋەبلەر بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولۇپ، بۇ كودلار چەتئەللىكلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن كۆچمەنلەر ئىدارىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. تۆۋەندە چەتئەللىكلەرگە قويۇلىدىغان بۇ كودلار ۋە ئۇلارنىڭ قويۇلۇش سەۋەبلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلىدۇ.

## V_69

بۇ كود، مەزكۇر كىشىنىڭ ئىقامەت كىنىشكىسىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تۈركىيەدە ئىقامەت كىنىشكىسى ئېلىش ئۈچۈن ساختا ھۆججەت - ماتېريال ئىشلەتكەن چەتئەللىكلەرگە قويۇلىدۇ. شۇنداقلا بۇ كود قويۇلغان كىشىلەرگە بەش يىلغىچە ئىقامەت كىنىشكىسى بېرىلمەيدۇ.

## V_70

بۇ كود، مەزكۇر كىشىنىڭ ساختا توي قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە توي قىلمىغان، ئەمما تۈركىيەدە ئىقامەت كىنىشكىسى ئېلىش ئۈچۈنلا يالغانچىلىق يولى بىلەن رەسمىي توي خېتى ئالغان چەتئەللىكلەرگە قويۇلىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بەش يىلغىچە تۈركىيەگە كىرىشى چەكلىنىدۇ.

## V_71

بۇ كود، مەزكۇر كىشىنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان ئادرېستا يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

رەسمىي ئورگانلارغا دوكلات قىلغان ئادرېستا تۇرماي باشقا ئادرېستا تۇرغان چەتئەللىكلەرگە قويۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## V_77

بۇ كود، مەزكۇر كىشىنىڭ ساختا ئاخىسكا تۈركى سالاھىيىتىدە ئىقامەتكە ئىلتىماس قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆزلىرىنى ئاخىسكا تۈركلىرى سالاھىيىتىدە كۆرسىتىپ ئىقامەتكە ئىلتىماس قىلغان چەتئەللىكلەرنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئاخىسكا تۈركى ئەمەسلىكى بايقالغاندا قويۇلىدۇ. بۇ كود قويۇلغانلار ئاخىسكا تۈركلىرىگە بېرىلىدىغان ئىقامەت كىنىشكىلىرىگە ئىلتىماس قىلالمايدۇ.

## V_84

بۇ كود، مەزكۇر كىشىنىڭ چېگرادىن كىرىپ 10 كۈن ئىچىدە ئىقامەت كىنىشكىسىگە ئىلتىماس قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بۇ خىل كود قويۇلغان كىشى چېگرادىن كىرىپ 10 كۈن ئىچىدە ئىقامەت كىنىشكىسىگە ئىلتىماس قىلمىسا، چېگرادىن كىرىشى ۋاقىتلىق چەكلىنىدۇ.

## G_78

بۇ كود، مەزكۇر كىشىنىڭ يۇقۇملۇق كېسلى بار بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ تۈردىكى كود قويۇلغان چەتئەللىكلەرنىڭ تۈركىيەگە كىرىشى مۇددەتلىك چەكلىنىدۇ. ئەگەر خاتا دىئاگنوز قويۇلغانلىقى ۋە ياكى داۋالىنىپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەنلىكى ئىسپاتلانسا يۇقىرىدىكى چەكلىمە بىكار قىلىنىدۇ.

## G_87

بۇ كود، مەزكۇر كىشىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

چەتئەللىكلەرگە قارىتا تۈزۈلگەن مۇناسىۋەتلىك قانۇن بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، بۇ تۈردىكى كود قويۇلغان چەتئەللىكلەرنىڭ تۈركىيە دۆلەت چېگراسىدىن چىقىرىۋېتىلىشى بەلگىلەنگەن. ئەمما، بۇ كىشىلەرنىڭ چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلىشى قايتۇرۇلغان دۆلىتىدە ھاياتىنىڭ خەۋپ ئاستىدا قېلىشىغا سەۋەپچى بولۇپ قالىدىغانلىقى ۋە بۇ كىشىلەرنىڭ تۈركىيەنىڭ ئومۇمىي بىخەتەرلىكىگە خەۋپ ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقى «ئاساسىي قانۇن سوت مەھكىمىسى» تەرىپىدىن ئېنىقلانغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ كود بىكار قىلىنغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت.

**Ç_113**

بۇ كود، مەزكۇر كىشىنىڭ تۈركىيە چېگراسىدىن قانۇنسىز كىرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بـۇ كـود قويۇلغـان چەتئەللىكلەرنـىڭ تۈركىيەگـە كىرىشـى ئىككـى يـىل چەكلىنىـدۇ ۋە جەرىمانـە قويۇلىـدۇ. ئەگـەر بىكىتىلگـەن جەرىمانىغا قارىتا ئېتىـراز بىلدۈرمەكچى بولسا سوت مەھكىمىسـىگە ئـەرز قىلـىش يولى ئارقىلـىق بىلدۈرسـە بولىـدۇ. بەلگىلەنگـەن جەرىماننـى تۆلىمگـەن ئەھـۋال ئاسـتىدا بىكىتىلگـەن چەكلىمـە يەنـە بـەش يـىل ئۇزىرايـدۇ، جەمئىي يەتتـە يـىل چېگرادىـن كىرىشـى چەكلىنىـدۇ.

**Ç_114**

بـۇ كـود، مەزكـۇر كىشـىنىڭ قانۇنـي جەھەتتىـن جاۋابـكار سـالاھىيەتتىكى بـىرى ئىكەنلىكىنـى بىلدۈرىـدۇ.

تۈركىيـەدە ياشـاۋاتقان مەزگىلىـدە، جىنايـەت سـادىر قىلغـان كىشـىلەر ياكـى قانۇنـي جەھەتتىـن گۇناھـكار بولـۇش ـ بولماسـلىقىدىن قەتئىنـەزەر، ئۇسـتىدىن سـوتقا ئـەرز سـۇنۇلغان كىشـىلەرنى كۆرسـىتىدۇ. ئۇلارنىـڭ تۈركىيـە كىرىشـى بىـر يـىل چەكلىنىـدۇ.

**Ç_115**

بـۇ كـود، مەزكـۇر كىشـىنىڭ تۈرمىدىـن قويـۇپ بېرىلگـەن چەتئەللىـك ئىكەنلىكىنـى بىلدۈرىـدۇ.

تۈركىيـەدە جىنايـەت ئۆتكۈزگـەن ۋە تۈرمىدىـن جـازا مۇددىتىنـى توشـقۇزۇپ چىققانلارغا قويۇلىـدۇ ۋە ئۇلارنىـڭ تۈركىيەگـە كىرىشـى بىـر يـىل چەكلىنىـدۇ.

**Ç_116**

بـۇ كـود، كىشـىنىڭ ئامـىۋى ئەخـلاق ۋە خەلـق سـاغلاملىقىغا خـەۋپ يەتكۈزىدىغـان چەتئەللىـك ئىكەنلىكىنـى بىلدۈرىـدۇ.

قاۋاقخانـا، كەچلىـك كۇلـۇب قاتارلىـق جايـلاردا قولغـا ئېلىنغـان چەتئەللىـك ئاياللار ھەققىـدە، قانـۇن ئىجـرا قىلغۇچىلىرىنـىڭ قولغـا ئېلىـش دوكلاتىـدا، ئۇلارنىـڭ تۈركىيەگـە پاھىشـىۋازلىق قىلىـش ئۈچـۈن كەلگەنلىكـى يېزىلغـان بولسـا، ئۇلارنىـڭ ئىقامـەت ۋە خىزمـەت كىنىشـكىلىرى ئەمەلدىـن قالدۇرۇلىـدۇ. ھەتتـا بـۇ سـەۋەبلىك چېگرادىـن قوغـلاپ چىقىرىلسـا بولىـدۇ. بـۇ تۈردىكـى چەتئەللىكلەرنـىڭ تۈركىيەگـە كىرىشـى بىـر يـىل چەكلىنىـدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**Ç_117**

بۇ كود، كىشىنىڭ تۈركىيەدە قانۇنىي رەسمىيىتى يوق ھالەتتە خىزمەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دۆلەت تەرىپىدىن چەتئەللىكلەرنىڭ تۈركىيەدە خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن ھازىرلىشى كېرەك بولغان ئىشلەش رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ خىزمەت قىلغان چەتئەللىكلەر ئۈچۈن قويۇلىدۇ. تۈركىيەگە كىرىشى بىر يىل چەكلىنىدۇ ۋە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

**Ç_118**

بۇ كود، كىشىنىڭ ئىقامەت كىنىشكىسىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تۈركىيەدە ئىقامەت كىنىشكىسى ئالغان چەتئەللىكلەرنىڭ ئىقامەت كىنىشكىسىنى ناتوغرا مەقسەتتە ئىشلىتىۋاتقانلىقى بايقالغاندا قويۇلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈركىيەگە كىرىشى بەش يىل چەكلىنىدۇ.

**Ç_119**

بۇ كود، مەزكۇر كىشىنىڭ تۈركىيەدە ئىشلەش رۇخسەت خېتىنى ئالماي تۇرۇپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن بېكىتىلگەن جەرىمانىنى تۆلىمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

تۈركىيەدە ئىشلەش رۇخستىسىز ئىشلىگەن چەتئەللىكلەر تۈركىيە چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن بەلگىلەنگەن جەرىمانىنى تۆلىمىگەندە قويۇلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈركىيەگە كىرىشى بەش يىل چەكلىنىدۇ.

**Ç_120**

بۇ كود، مەزكۇر كىشىنىڭ تۈركىيەنىڭ ۋىزا ياكى ئىقامەت تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن قويۇلغان جەرىمانىنى تۆلىمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

تۈركىيەنىڭ ۋىزا ياكى ئىقامەت تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلغان چەتئەللىكلەر تۈركىيەنىڭ چېگراسىدىن چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن، بەلگىلەنگەن جەرىمانىنى تۆلىمىگەندە مەزكۇر كود قويۇلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈركىيەگە كىرىشى بەش يىل چەكلىنىدۇ.

**Ç_135**

بۇ كود، مەزكۇر كىشىنىڭ «چەتئەللىكلەر ۋە خەلقئارا قوغداش قانۇنى»غا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان چەتئەللىكلەرگە جەرىمانە قويۇلىدۇ، ئەگەر بەلگىلەنگەن جەرىمانىنى تۆلىمىسە تۈركىيەگە كىرىشى بەش يىل چەكلىنىدۇ.

## Ç-136

بۇ كود، مەزكۇر كىشىلەرنىڭ تۈركىيەدىن ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇلۇش جەريانىدىكى يول چىقىمىنى تۆلىمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

دۆلەت تەرىپىدىن چېگرادىن قوغلىنىش قارارى ئېلىنغان چەتئەللىكلەر ئۆز دۆلىتىگە قايتىش يول كىراسىنى تۆلىيەلمىگەندە بۇ چىقىملارنى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تۆلەيدۇ ۋە مەزكۇر كود قويۇلىدۇ. بۇ تۈردىكى كىشىلەر قايتىدىن تۈركىيەگە كىرمەكچى بولغاندا، ئۇلاردىن بۇ چىقىملارنى تۆلەش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## Ç-137

بۇ كود، مەزكۇر كىشىلەرنىڭ مەلۇم مۇددەت ئىچىدە چېگرادىن ئايرىلىشى تەلەپ قىلىنغان بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

كۆچمەنلەر ئىدارىسى تەرىپىدىن مەلۇم مۇددەت ئىچىدە تۈركىيەدىن ئايرىلىشى تەلەپ قىلىنغان چەتئەللىكلەر بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە تۈركىيەدىن ئايرىلمىسا مەزكۇر كود قويۇلىدۇ ۋە تۈركىيەگە كىرىشى بەش يىل چەكلىنىدۇ.

## Ç-138

بۇ كود، مەزكۇر كىشىنىڭ تۈركىيەگە كىرىشى مەنئىي قىلىنغان بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

تۈركىيەگە كىرىشى مەنئىي قىلىنغان چەتئەللىكلەر تۈركىيە چېگراسىدىن كىرمەكچى بولغاندا مەزكۇر كود قويۇلىدۇ ۋە تۈركىيەگە كىرىشى بەش يىل چەكلىنىدۇ.

## Ç-141

بۇ كود، مەزكۇر كىشىنىڭ تۈركىيەگە كىرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مىنىستىرلىقنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى شەرت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

تۈركىيەدە ياكى چەتئەلدە تۇرۇپ تۈركىيەگە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئەدلىيە ياكى مەمۇرىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان چەتئەللىكلەرگە تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن قويۇلىدۇ. بۇ تۈردىكى چەتئەللىكلەر چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلغاندا ياكى تۈركىيەگە كىرىشتىن بۇرۇن ئۇ كىشى ھەققىدە توپلانغان ئىستىخبارات ئۇچۇرلىرىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ پاسپورت نومۇرىغا كۆچمەنلەر ئىدارىسى تەرىپىدىن قويۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uygurkitap.com

**K**

بۇ كود، مەزكۇر كىشىنىڭ ئەتكەسچىلىك جىنايىتى تۈپەيلىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەتكەسچىلىك جىنايىتى سادىر قىلغان ۋە تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان چەتئەللىكلەر ئۇچۇن قويۇلىدۇ. بۇ كود قويۇلغان كىشىنىڭ تۈركىيەگە كىرىشى ياكى تۈركىيەدىن چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

**N-99**

بۇ كود، مەزكۇر كىشىنىڭ ئۆز دۆلىتى ياكى خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت تەرىپىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ كود، چەتئەللىكلەرنىڭ تۈركىيەگە كىرىشىنىڭ چەكلىنىشىگە سەۋەب بولالايدۇ. ئەمما تۈركىيەگە كىرىشىنى چەكلەش ياكى چەكلىمەسلىك قارارى تۈركىيە دۆلىتىنىڭ ئىختىيارلىقىدا بولىدۇ.

**O-100**

بۇ كود، مەزكۇر كىشىنىڭ پاناھلىق تىلەش جەريانىدا بايان قىلغان تۇرۇشلۇق ئادرېستا تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن چېگرادىن كىرىشىنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

چەتئەللىكلەر كۆچمەنلەر ئىدارىسىگە پاناھلىق تىلىگۈچى سالاھىيىتىدە ئىلتىماس قىلغان ۋاقتىتا بايان قىلغان تۇرۇشلۇق ئادرېستا يوقلىقى، شىكايەت ياكى قەرەللىك تەكشۈرۈش جەريانىدا ئېنىقلانغاندا قويۇلىدۇ. تۈركىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ۋاقتىتا بۇ كود قويۇلىدۇ ۋە چېگرادىن كىرىشى چەكلىنىدۇ.

**N-82**

بۇ كود، مەزكۇر كىشىنىڭ تۈركىيەگە كىرىشتىن بۇرۇن دۆلەتنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

كۆپىنچە ئەھۋالدا بۇ تۈردىكى كود قويۇلغان كىشىلەرنىڭ تۈركىيەگە كىرىش ئىجازىتى ئۈچۈن قىلغان ئىلتىماسى رەت قىلىنىدۇ. بۇ كىشىلەر سوتقا ئەرز سۇنۇش يولى ئارقىلىق بۇ كودنى بىكار قىلماي تۇرۇپ تۈركىيەگە كىرەلمەيدۇ.

## چەتئەللىكلەرگە قويۇلغان چەكلەش كودلىرى قانداق بىكار قىلىنىدۇ؟

چەتئەللىكلەرگە قويۇلىدىغان چەكلەش كودلىرىنىڭ قويۇلۇش سەۋەبلىرى ھەر خىل بولۇپ، بۇ كودلارغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ تۈركىيەگە قايتا كىرىش ۋاقتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. چەكلەش كودى ئەنقەرەدىكى كۆچمەنلەر ئىدارىسى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. بۇ كودنى ئۆچۈرۈۋېتىش ئۈچۈن، ئەنقەرە مەمۇرىي سوت مەھكىمىسىگە كۆچمەنلەر ئىدارىسىنى جاۋابكار قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەرز سۇنۇش كېرەك. بەزى ئەھۋاللاردا مەمۇرىي ئىلتىماس ياكى قانۇنلۇق تەكلىپ سۇنۇش ئارقىلىقمۇ ئۆچۈرگىلى بولىدۇ.

## چەكلەش كودىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش سوتى ھەققىدە

مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش، چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش ۋە چېگرادىن كىرىشنى چەكلەش قاتارلىق جازالارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشى بىلەن بىللە، چەكلىمە كودىنىڭ پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشى ئۈچۈنمۇ ئەرز قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئەرز قىلغان ۋاقىتتا پەقەت چەكلەش كودىنىلا ئەمەس، چەكلەش كودىغا بىنائەن بېكىتىلگەن مەمۇرىي جەرىمانە، چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش ياكى چېگرادىن كىرىشنى چەكلەش قاتارلىق جازالارنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك.

ئەرز قىلغاندا، مەمۇرىي ئورگان بۇ چەكلىمىلەرنىڭ قويۇلۇش سەۋەبىنى ۋە بۇنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى، يەنى چەتئەللىكلەرنىڭ رۇخسەتسىز چېگرادىن كىرگەنلىكى ۋە ئولتۇراقلاشقانلىقى، ئىشلەش رۇخسىتىسىز ئىشلىگەنلىكى، ئاممىۋى ئەخلاققا قارشى ھەرىكەت قىلغانلىقى ۋە جامائەت ساغلاملىقىغا خەۋپ يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، قانۇنىي جازا قوللىنىلغانلىقى ۋە ئومۇمىي بىخەتەرلىك جەھەتتە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كونكرېت ۋە قانۇنىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. بۇنىڭغا قارىتا، داۋاگەر بۇ چەكلىمە كودلىرىنى قويۇشقا كۆرسىتىلگەن سەۋەبلەرگە ۋە ئەيىبلەشلەرگە قارىتا يوللۇق ئېتىراز بىلدۈرىشى كېرەك.

## ئاساسىي قانۇن سوت مەھكىمىسىگە سۇنۇلىدىغان ئىلتىماس ھەققىدە

چەكلەش كودىنى بىكار قىلىش ئۈچۈن مەمۇرىي سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرزى سۇنغان، ئەمما سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئېتىرازى رەت قىلىنغان چەتئەللىكلەر، تۈركىيەنىڭ «ئاساسىي قانۇن سوت مەھكىمىسى»گە ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. ئەمما، بۇ ئىلتىماس چوقۇم سوتنىڭ نارازىلىق ئەرزىنى رەت قىلغانلىق قارارى چىقىرىلىپ، 30 كۈن ئىچىدە يوللىنىشى كېرەك.

## قەرەللىك ئىمزا قويۇش شەرتى بىلەن قويۇپ بېرىلگەنلەر ھەققىدە

مەمۇرىي تۇتۇپ تۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن چەتئەللىكلەر 6458 - نومۇرلۇق «چەتئەللىكلەر ۋە خەلقئارا قوغداش قانۇنى» نىڭ A/57 ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۆزىنىڭ بەلگىلەنگەن رايۇندىن ئايرىلمىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قەرەللىك ھالدا بېكىتىلگەن ئورگانغا بېرىپ يوقلىمىغا ئىمزا قويىدۇ. قويۇپ بېرىلگەنلىك ئۇقتۇرۇشىدا بەلگىلەنگەن ئورۇنغا بەلگىلەنگەن مۇددەتتە بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇشى شەرت. ئۇقتۇرۇشتا بايان قىلىنغان يوقلىما مۇددىتى توشقان ياكى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش قارارى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئەھۋال ئاستىدا، مۇناسىۋەتلىك كۆچمەنلەر ئىدارىسىدىن ئىمزا قويۇش مەجبۇرىيىتىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

## چەكلەش كودى قويۇلغانلار ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىقامەت ياكى ۋەتەنداشلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەمدۇ؟

ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىقامەت ياكى ۋەتەنداشلىق ئېلىش شەرتلىرى ئىچىدە، چەكلىمە كودى قويۇلمىغان بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئېنىق بىر بەلگىلىمە يوق. چەكلەش كودى قويۇلغان چەتئەللىكلەرنىڭ ۋەتەنداشلىق ئىلتىماسى «ئاممىۋى تەرتىپ ۋە جامائەت بىخەتەرلىكى» نى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ئاساستا، مۇناسىۋەتلىك مەمۇرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ ياكى رەت قىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## چەكلەش كودى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قولغا ئېلىنغان كىشىلەر نېمە قىلىشى كېرەك؟ تۇغقانلىرى نېمە قىلىشى كېرەك؟

ھەر قانداق سەۋەب بىلەن قانۇن ئىجراچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ياكى تۇتۇپ تۇرۇلغان چەتئەللىك، تېزدىن ئەھۋالنى ئادۋوكاتقا مەلۇم قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭغا قارىتا ھەر خىل مەمۇرىي دەۋالار ئېچىلىشى مۇمكىن. ۋاقتىدا ئادۋوكاتقا بىلدۈرۈلمىگەندە، قانۇنلۇق مۆھلەتنىڭ توشۇپ كېتىشى سەۋەبلىك مەزكۇر كىشىلەر كۆپلىگەن ھەقلىرىدىن مەھرۇم قېلىشى مۇمكىن. ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ تۇتۇلغان ھامان ئادۋوكات تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

## قولغا ئېلىنغان كىشى قانۇنىي جەھەتتىن قانچىلىك مۇددەت تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ؟

قانۇن ئىجراچىلىرى تەرىپىدىن چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش مەقسىتىدە قولغا ئېلىنغان چەتئەللىكلەر ھەققىدە دەرھال ۋالىيلىققا دوكلات قىلىنىدۇ. ۋالىيلىق باھالاش ۋە تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ توغرىسىدىكى ئاخىرقى قارارنى بېرىدۇ. ۋالىيلىقنىڭ باھالاش ۋە قارار چىقىرىش مۆھلىتى 48 سائەتتىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ. ئەمما، نورمالدا بۇ مۆھلەتكە رىئايە قىلىنمايدۇ.

## چەكلەش كودى تۈپەيلى ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنغىلى بولامدۇ؟

تۈركىيە، ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى مەھكىمىسىگە ئەزا بىر دۆلەت. شۇڭا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دۆلىتىگە تەۋە مەمۇرىي ئورگانلار تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنغان بارلىق ئىشلار ئۈچۈن، ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئەرز سۇنغۇچى ئالدى بىلەن «ئاساسىي قانۇن سوت مەھكىمىسى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىيەدىكى بارلىق قانۇن ۋە ئەدلىيە تارماقلىرىدىن بۇ ھەقتە رەت قىلىش قارارى تاپشۇرۇۋالغان بولۇشى ۋە قانۇنىي جەھەتتىن باشقا چارىسى قالمىغان بولۇشى كېرەك. رەت قىلىش قارارى ئېلىنىپ ئالتە ئاي ئىچىدە، ھەر قانداق بىر كىشى ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى كېلىشىمنامىسىدە بەلگىلەنگەن ھەق- ھوقۇقلىرىنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىغانلىقىنى تۇتقا قىلىپ، تۈركىيەدىكى مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي ئورگانلارنى ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسا بولىدۇ. 2022 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئەرز قىلىش مۇددىتى ئالتە ئايدىن تۆت ئايغا چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ئەرز ئىنتېرنېت ئارقىلىق قىلىنىدۇ. ئەرز قىلىش جەريانىدا بىر ئادۋوكاتنىڭ ياردىمى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## تۈركىيەدىكى چەتئەللىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك بەزى قانۇنىي تەرتىپلەر

ئەگەر چەتئەللىكلەر تۈركىيەدە ياشاۋاتقان مەزگىلدە، «تۈركىيە جىنايى ئىشلار قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلسا، تۈرك ۋەتەنداشلىرى بىلەن ئوخشاش شەكىلدە جازالىنىدۇ.

تۈركىيەدە بىر كىشى قولغا ئېلىنغاندا، ئەدلىيە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان تۇتۇش، قولغا ئېلىش ۋە سوراق قىلىش نىزامنامىسىنىڭ 8 ـ ماددىسىغا ئاساسەن ييقىنلىرىغا ئۇقتۇرۇش قىلىنىدۇ. ئۇقتۇرۇش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

1) قولغا ئېلىنغان ۋاقىتتا ئەگەر يېنىدا بىر كىشى بولسا شۇ كىشىگە ئۇقتۇرۇلىدۇ ۋە ھاۋالە قىلىنىدۇ.

2) دۆلەت سىستېمىسىغا تىزىمغا ئالدۇرغان تۇرۇشلۇق شەھەردە جىنايەت سادىر قىلغان ياكى باشقا شەھەردە جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، تىزىمغا ئالدۇرغان تۇرۇشلۇق شەھەردە تۇتۇلغان بولسا، ئۆزى تەمىنلىگەن تېلېفون نومۇرى ئارقىلىق ئۆزى ييقىنلىرىغا ئۇقتۇرىدۇ ياكى قانۇن ئىجراچىلىرى ييقىنلىرىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تاپالىغان ئەھۋال ئاستىدا تېلېفون ئارقىلىق ئۇقتۇرىدۇ.

3) تۇتۇلغان كىشى ييقىنلىرىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بېرەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، مۇناسىۋەتلىك قانۇن ئىجراچىلىرى ئارقىلىق ئۇقتۇرىلىدۇ.

4) ئەگەر جىنايەت سادىر قىلغۇچى دۆلەت سىستېمىسىغا تىزىملاتقان تۇرۇشلۇق شەھەر سىرتىدا جىنايەت سادىر قىلىپ تۇتۇلغان بولسا، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن تۇرۇشلۇق ئادرېستىكى ييقىنلىرىغا ياكى ئۇ كىشى كۆرسەتكەن كىشىگە مەزكۇر كىشىنىڭ تۇتۇلغانلىقى ياكى تۇتۇپ تۇرۇش مۇددىتىنىڭ ئۇزىرايدىغانلىقى ھەققىدە تېلېفون ئارقىلىق ئۇقتۇرۇش قىلىنىدۇ.

5) ئەگەر تۇتۇلغان ياكى قولغا ئېلىنغان كىشى چەتئەللىك بولسا، مەزكۇر كىشىنىڭ ئېتىرازى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، مەزكۇر كىشى تەۋە دۆلەتنىڭ تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا ياكى كونسۇلخانىسىغا يازمىچە ئۇقتۇرۇش قىلىنىدۇ. قوغداش مەقسىتىدە قانۇنىي جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىنىدىغان تۇغقانلىرىغا دەرھال ئۇقتۇرۇش قىلىنىدۇ. تۇتۇلغان چەتئەللىكلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۈچۈن تۆت كۈن تۇتۇپ تۇرۇشقا بولىدۇ. ئەگەر تۇتۇلغاندىن كېيىن، «تۈرك جىنايى ئىشلار قانۇنى» غا ئاساسەن مەزكۇر شەخس ئۈستىدىن دېلو ئېچىلغان ئەھۋال ئاستىدا، رەسمىي قولغا ئېلىنىدۇ.

تۈركىيەدە قولغا ئېلىنغان ياكى قايتۇرۇۋېتىش مەركىزىگە ئەۋەتىلگەن چەتئەللىكلەرنىڭ ييقىنلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ھوقۇقى بار. بۇ ھوقۇق ئادۋوكات تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئادۋوكاتلىرى ھەرقانداق ۋاقىتتا مەزكۇر كىشىلەر بىلەن كۆرۈشەلەيدۇ، ئەمما ييقىنلىرى پەقەت مۇناسىۋەتلىك ئورۇن تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىلا كۆرۈشەلەيدۇ.

قولغا ئېلىنغان چەتئەللىكلەر ئۈچۈن بىرلا ۋاقىتتا مەمۇرىي نازارەت ۋە چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش قارارلىرى چىقىرىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت.

شەخسلەر ئۈستىدىكى قايتۇرۇۋېتىش مەركىزىگە ئەۋەتىش قارارى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ قارمىقىدىكى كۆچمەنلەر باش ئىدارىسى (GÖÇ İDARESİ GENEL MÜDÜRLÜĞÜ) تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ.

### كىملەر قايتۇرۇۋېتىش مەركىزىگە ئەۋەتىلىدۇ؟ كىملەر قويۇپ بېرىلىدۇ؟ بۇ نېمىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ؟

چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش قارارى ئېلىنغانلار ئارىسىدىكى:

1) قېچىپ كېتىش ياكى غايىب بولۇش خەۋپى بولغان،

2) تۈركىيەگە كىرىش- چىقىش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغان،

3) ساختا ياكى ئاساسسىز ھۆججەتلەرنى ئىشلەتكەن،

4) قوبۇل قىلىنارلىق باھانە ـ سەۋەبى يوق تۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە تۈركىيەدىن ئايرىلمىغان،

5) ئاممىۋى تەرتىپ، دۆلەت بىخەتەرلىكى ياكى خەلق ساغلاملىقىغا تەھدىت ئېلىپ كەلگەنلەر ھەققىدە ۋالىيلىق 6458 - نومۇرلۇق «چەتئەللىكلەر ۋە خەلقئارا قوغداش قانۇنى» نىڭ B/57 ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن مەمۇرىي تۇتۇپ تۇرۇش قارارى چىقىرىدۇ. بۇ قارارغا بىنائەن قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورۇن تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان چەتئەللىكلەر 48 سائەت ئىچىدە قايتۇرۇپ ئەۋەتىش مەركىزىگە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلاردىن سىرت چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش قارارى چىقىرىلغان چەتئەللىكلەر ھەققىدە مەمۇرىي تۇتۇپ تۇرۇش قارارى بولمايدۇ. ئەمما، چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش قارارى چىقىرىلغان چەتئەللىكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «ئاممىۋى تەرتىپ ۋە بىخەتەرلىككە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن سەۋەب بىلەن تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئەھۋاللار مەۋجۇت.

## قايتۇرۇپ ئەۋەتىش مەركىزىدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان كىشىلەر يېقىنلىرى بىلەن كۆرۈشەلەمدۇ؟

ئوخشاش بولمىغان شەرتلەر ئاستىدا، قايتۇرۇپ ئەۋەتىش مەركىزىدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بارلىق چەتئەللىكلەرنىڭ يېقىنلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئادۋوكات تۇتۇش ھوقۇقى بار.

## ئادۋوكات تۇتۇش ھەققىدە

مەمۇرىي تۇتۇپ تۇرۇش ياكى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش قارارى بېرىلگەن چەتئەللىكلەر تۇرۇشلۇق ئورنىدىكى ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىدىن ئادۋوكات تەمىنلەشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. سوتقا سۇنۇلىدىغان ئىلتىماسلارنىڭ ئادۋوكات ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىشى ناھايىتى مۇھىم. ئادۋوكاتلىق ھەققىنى بېكىتىش ئادۋوكاتلارنىڭ ئىختىيارلىقىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئادۋوكاتلىق خىراجىتى پەرقلىق بولىدۇ.

## ئاخىرقى سۆز

**يۇقىرىدىكى چەكلەش كودلىرىغا يولۇققان ۋە قانۇنىي جەھەتتىكى باشقا ياردەملەرگە ئېھتىياجى بولغان ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى ئارزۇ قىلىمىز، ئۇنىڭدىن باشقا بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ خالىس دۇئالىرىغا، ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەملىرىگە ئېھتىياجىمىز باردۇر. ئالدى مۇقاۋىنىڭ ئىچىدە يېزىلغان جەمئىيىتىمىزنىڭ رەسمىي بانكا ھېساباتلىرى ئارقىلىق بىزگە ياردەم قىلىشىڭلارنى قارشى ئالىمىز.**

شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى _ETHR 2019-يىلى ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان ئىقتىسادى پايدىنى كۆزلىمەيدىغان ئاممىۋى تەشكىلاتتۇر.

شەرقىي تۈركىستانلىقلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان (ETHR) خىتاي تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان، قانۇن ۋە ئىنسان ھەقلىرىنىڭ يوق ئورنىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا دەپسەندە قىلىنىۋاتقان ھەقلەر، يۈرگۈزۈلۈۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتى ۋە قوللىنىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىش، دىئاسپورادىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا قارىتىلغان ئىنسان ھەقلىرىگە خىلاپ قىلمىشلارنى ئاشكارىلاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئىشەنچلىك مەنبەلەر ۋە گۇۋاھلىقلارغا ئاساسەن ئىنسان ھەقلىرى تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق دەپسەندە قىلىنغان ھەقلەرنى دوكلات ھالىتىگە كەلتۈرۈش ۋە دۇنيا جامائىتىنى بۇ ھەقتە مەلۇمات بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلماقتا. بۇ دوكلاتلارنى تەييارلاش جەريانىدا، ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنى ئىشلىتىشكە، مۇبالىغە ۋە ساغلام بولمىغان ئۇچۇرلاردىن ساقلىنىشقا زور ئەھمىيەت بېرىلمەكتە.

ETHR

DOĞU TÜRKİSTAN İNSAN HAKLARI İZLEME DERNEĞİ

شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى

EAST TURKISTAN HUMAN RIGHTS WATCH ASSOCIATION

مرصد تركستان الشرقية لحقوق الإنسان

Karagümrük Mah. Sarmaşık Sok. No:30 D:1 Fatih, İstanbul, Türkiye

www.ethrw.org | info@ethrw.org

www.uyghurkitap.com



**Doğu Türkistan İnsan Hakları İzleme Derneği**
Karagümrük Mahallesi Sarmaşık Sokak No:30/01 Fatih İstanbul
İletişim: 0212 524 69 99
mail: info@ethrw.org www.ethrw.org